# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
2
دۈشەنبە
维吾尔文 11 月2日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25233 - سان بۈگۈن 4 بەت


# يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلايلى

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېڭى دەۋردىكى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دەل يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتۈشتۇر. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات — خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ناھايىتى ياخشى قاندۇرالايدىغان تەرەققىيات، يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلانغان، ماس بولۇش ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلانغان، يېشىل بولۇش ئومۇميۈزلۈك ھالەتكە ئايلانغان، ئوچۇق بولۇش مۇقەررەر يولغا ئايلانغان، ھەممىبەھرە بولۇش تۈپ مەقسەتكە ئايلانغان تەرەققىيات. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىش كېرەك، بۇ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، تەرەققىيات مۇھىتى، تەرەققىيات شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئىلمىي ھۆكۈم.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەق مەيداندا تىزىملاشقا قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ شىگرۇي، جاۋ جيېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەق مەيداندا تىزىملىتىشنىڭ تۇنجى كۈنى. چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەق مەيداندا تىزىملاشنى قوبۇل قىلدى.

ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە تىزىملاش نەق مەيداندا چېن چۈەنگو نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچىنىڭ نەق مەيدان زىيارىتىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، تۈرمۇتۈر، ماددىمۇمادا بويىچە جاۋاب بەردى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچى تەلەپ بويىچە ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر توپلىدى.

ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە تىزىملاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچى بىلەن سەممىمىي پاراڭلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىرگەندە قانات يايدۇرۇلغان بىر قېتىملىق مۇھىم، زور دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچىنى تەكشۈرۈش بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىي، ئوبيېكتىپ بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات مۆجىزىسى ياراتىمىز

## —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئەمدىلا يېپىلغان پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق ھەمدە 15 يىللىق تەرەققىيات يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانى ئىلمىي پىلانلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، پۇختا، ئەستايىدىل بولۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتىمىز.

«بىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز.» سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو خۇەيئەن مۇنداق دېدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، سانجى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تىرىشىپ يېزا ئىگىلىك ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىش، يېزا ئىگىلىك جابدۇق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، يېشىل يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سۈپەتلىك ماركا يارىتىش پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاقتۇ ناھىيەسى قىزىلتو يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دۇ فاچېڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش تەلىپى بويىچە، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتە «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى كۆچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي نۇقتىدىن كۆچەپ، قىيىن نۇقتىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، پۇقرالارنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىمىز.

قاراماي شەھەرلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە تېزدىن تەشكىللەپ، ئالدىنقى مەزگىلدە تۈزۈلگەن قارامايىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. قاراماي شەھەرلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى گاۋ بىن مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى دۆربىلجىن كەنتىدە:

# كەنت ئاھالىلىرى پايچىككە ئايلاندى، مەھسۇلات ئاشتى، كىرىمى ئاشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىلك، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ جياخۇي

«پۇلنى ئېلىپ، بەك خۇشال بولدۇم!» كەنت ئاھالىسى ۋاڭ گوشەن پايدا تەقسىملەنگەن تۇنجى ئۈلۈش پۇلنى ئالغاندا، چىرايىدا رازىمەنلىك كۈلكىسى جىلۋىلەندى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ قاراماغاي بازىرى دۆربىلجىن كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى بويىچە پايدا تەقسىملەش يىغىنى ئاچتى، كەنتتىكى شىنخەي كوللېكتىپ ئىگىلىك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تۇنجى تۈركۈمدە قاتناشقان 29 كەنت ئاھالىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ پاي پايدىسىغا ئېرىشتى.

**كەنتنىڭ كوللېكتىپ مۈلكى جانلاندى**

«يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا كەنت كوللېكتىپ مۈلكى مىقدارلاشتۇرۇلۇپ پاي ھوقۇقى قىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىگىدارلىق قىلىشىغا تەقسىملەپ بېرىلىدۇ، كەنت ئاھالىلىرى كەنت كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ» دېدى بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ دۆربىلجىن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ يۇك.

بۈگۈنكى كۈندە، مۈلۈك ئىنقىلاش ۋە مەبلەغ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئىشلەش ئارقىلىق، كەنت كوللېكتىپىنىڭ قانچىلىك مۈلكى بارلىقىغا نىسبەتەن ۋاڭ يۈڭنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق ھېسابات بار بولدى: «كەنتنىڭ پۇلنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق باشقۇرۇشنى ئامما نازارەت قىلسا ۋە ئۇنىڭغا قاتناشسا بولىدۇ».

2019 - يىلى 6 - ئايدا، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى دۆربىلجىن كەنتىنى يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى سىناق نۇقتىسى قىلدى. كەنتنىڭ كوللېكتىپ مۈلكىنى قانداق جانلاندۇرۇش كەنت «ئىككى كومىتېت» ۋە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان «چوڭ قىيىن مەسىلە» بولۇپ قالدى. مۈلۈك ھوقۇقى ئىسلاھاتى بىر يېڭى ئىش بولغاچقا، قانداق مەشغۇلات قىلىش، قانداق بىر تۇتاش پىلانلاش، پۇقرالارنىڭ ئىدىيەۋى خىزمىتىنى قانداق ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەممىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئىدى» دېدى ۋاڭ يۇك.

بۇنىڭغا قارىتا، دۆربىلجىن كەنتى خىزمەت تەرتىپى تۈزۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئون ھالقىغا ئايرىدى ھەم يۈرۈشۈش تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ خىل تەدبىر ئارقىلىق ئىستېمال بازىرىنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى

سوبيېكتلىق رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)دىكى ۋەندا مەيدانى سۇنىڭ يىگوۋ دۇكىنىدا نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى سېتىۋالماقتا ئىدى. «بىز توردا ۋە تور سىرتىدا ‹قوش 11›- سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى ماس قەدەمدە قوزغاتتۇق، بۈگۈن خېرىدارلار ئېقىمى ئادەتتىكىدىن 30% ئەترا‑پىدا كۆپەيدى، تولاتقۇ، بىڭگۇي ھەمدە ئۆيگە قاراپ بۇيرۇتۇلغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بازىرى ئىنتايىن مەھسۇلات بولۇپ قالدى» دېدى بۇ دۇكاننىڭ دۇكان باشلىقى جاڭ رۇي.

بۇ يىل، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئۇنۇملۇك تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» قاتارلىق بىر قاتار ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ، يېمەك - ئىچمەك، سودا سارايى قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بەردى، ھەرقايسى جايلار ئارقا - ئارقىدىن ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا تارماقلىرى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە نۇقتىلىق ئوبوروت كارخانىلىرى، نۇقتىلىق ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرى، نۇقتىلىق سودا جەمئىيەتلىرىنىڭ كۈچىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ئارقىلىق،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مول ھوسۇل مەنزىرىسى

**10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، پاختا تېرىش ماشىنىسى پاختا خالتىلىرىنى چۈشۈرمەكتە.**

**بىڭتۇەن 1 - شىنىڭ ئارال شەھىرىدىكى 2 مىليون مودىن ئارتۇق يەردىكى كېۋەزدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاپئاق پاختا، كۆپكۆك ئاسمان، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ماشىنىلار مول ھوسۇل مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى.**

**□ چېن جيەنشېڭ فوتوسى**



# ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازارلاردىكى 1635 كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشتە ئىش باشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، پىلاندىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، 2019 - يىلى، 2020 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازارلاردىكى 1892 (2019 - يىلى 802، 2020 - يىلى 1090) كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش پىلانلانغان بولۇپ، جەمئىي 318 مىڭ 400 ئائىلىلىك ئاھالىگە چېتىلىدىكەن. بۇ يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر - بازارلاردىكى 1635 كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشتە ئىش باشلانغان.

ئاپتونوم رايونىمىز كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى قىلىپ، «نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالدىن يولغا قويۇش، قەدەمگە بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، 2019 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، كۇچا شەھىرى، خوتەن شەھىرىدىن ئىبارەت بەش شەھەرنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى ھەم «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى لايىھەسى»نى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت ۋە ئاھالىلەر ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش، جەمئىيەتتىكى كۈچلەر قاتنىشىش، بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ پايدىلىنىش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق توققۇز مېخانىزم ئورنىتىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

يېڭىدىن قاتتىقلاشتۇرۇلغان پىيادىلەر يولى ۋە ئاپتوموبىل يولى پاكىز، رەتلىك، ئولتۇراق رايونغا ئورنىتىلغان لىفتلار سىلىق، مۇقىم يۈرۈشتى، 400 ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، يەنە بەدەن چېنىقتۇرۇش سورۇنى، مەدەنىيەت كارىدورى قاتارلىق ئاممىۋى بوشلۇققا ئورۇن چىقىرىلدى... ئاقسۇ شەھىرىدىكى شياڭخېلى ئولتۇراق رايونىنىڭ مۇھىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگەن بولۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش - توشۇش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ساۋ خۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىر **لى جۈنجېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى ئورۇنلاشتۇرۇش - مەركەزلىك تىزگىنلەش ئۆسكۈنىلىرى مەركىزى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «CTC ئۆسكۈنىلىرى مەركىزى» دېيىلىدۇ)سىستېمىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلاندى، بۇ، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش - توشۇش سىستېمىسىنىڭ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كېيىنكى ھەرىكەت ھالىتىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە رەسمىي قاتناش باشلاشقا پۇختا ئاساس سېلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ قېتىمقى CTC ئۆسكۈنىلىرى مەركىزىنى ئۇلاشنىڭ قىيىنلىق

(ئاخىرى 3 - بەتتە)